«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ژۇرنىلى 1988-يىلى 5-سانىدىن

# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتەيلى

ۋاڭ ئېنماۋ

مەركىزىي كومىتېت پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەن توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ، ھەردەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 13 - قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى بارغانسېرى ياخشىلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتتە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش — سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەن توغرىسىدىكى تەربىيىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. شىنجاڭ — كۆپ مىللەتلىك رايون، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

## 1. مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى زور ستراتېگىيىلىك مەسىلە

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. بۇ، دۆلىتىمىز ئەھۋالىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى. ئەگەر بۇ چوڭ ئالاھىدىلىكنى تونۇمايدىغان

بولساق، دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ ئەھۋالىنى توغرا، تولۇق ۋە سەگەكلىك بىلەن تونۇيالمايمىز.

دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىغا جايلاشقان، مەسىلەن: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا جايلاشقان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يۈننەن ئۆلكىسى ۋە باشقا جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا جايلاشقان. ئۇلار تارىختا ۋەتىنىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە زور تۆھپىلەرنى قوشقان؛ ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن ۋەتىنىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ. شۇڭا، مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش، دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا زور ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. دۆلىتىمىزدە 56 مىللەت بار، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن ياخشى ئىتتىپاقلىشىش — پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق بولۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم. ھازىر مەملىكىتىمىز كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، بۇ، تىنچ - ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتكە مۇھتاج. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ياخشى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تىنچ - ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىر دۇنيا بويىچە مىللىي مەسىلىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلغان بىرەرمۇ دۆلەت يوق، مەيلى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە بولسۇن، ياكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە بولسۇن، مىللىي مەسىلە دائىم يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز سىياسىي جەھەتتە مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلدى، دۆلىتىمىز بۇ جەھەتتە خەلقئارادا جەزمەن ياخشى تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، زور ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ يەتتە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر

رايونىنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 60 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغان خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ كۆلىمى پۈتۈن مەملىكەت ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 40 پىرسەنتىگە يەتمەيدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ دەيمىز، كەڭلىكى نەدە؟ كەڭلىكى ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا. مەملىكىتىمىزنىڭ بايلىقى مول دەيمىز، موللىقى نەدە؟ موللىقى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا. دەرۋەقە، خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىمۇ بايلىق ئاز ئەمەس، لېكىن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىقى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭكىدىن مول. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ زېمىنى كەڭ بولۇپلا قالماستىن، بايلىقىمۇ مول. بۇ، سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ناھايىتى چوڭ ئۈستۈنلۈك، چوڭ ياخشى شارائىت. بىر دۆلەتتە بايلىق كەمچىل بولسىمۇ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ، لېكىن، ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ. ياپونىيىنىڭ 100 مىليون ئاھالىسى بار، ئۇنى ئاز دېگىلى بولمايدۇ، لېكىن، زېمىنى ناھايىتى كىچىك، بايلىقى كەمچىل، گەرچە ئۇ ئىگىلىكى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە دۇنيا بويىچە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن، بايلىقتا، ئاساسلىقى، ئىمپورتقا تايىنىدىغان بولغاچقا، ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان تەقدىردىمۇ، قىيىنچىلىقى ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭدا خەۋپ يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا. مەن 1979 - يىلى 10 - ئايدا ياپونىيىدە زىيارەتتە بولدۇم، بىر كۈنى ياپونىيە خەلقئارا سودا جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى مۇسۇنىيە ئەن توكيودىكى نەچچە ئون قەۋەتلىك [illegible] ئېگىز بىر بىنادا مېنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى، زىياپەتتىن كېيىن ئۇ مېنى بۇ ئېگىز بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قەۋىتىگە چىقىپ توكيو شەھىرىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇ ماڭا: «قاراڭا، بىزنىڭ توكيونىمە دېگەن ئاۋات-ھە!» دېدى، مەن: «ناھايىتى ئاۋات ئىكەن» دېدىم. ئۇ ئارقىدىنلا «توكيو قۇملۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاۋات شەھەر. دۆلىتىمىزدە بايلىق كەمچىل، نۇرغۇن ماددىي ئەشيا ئىمپورت قىلىنىدۇ. مۇبادا ئۇرۇش بولۇپ قالسا، خەلقئارا قاتناش ئۈزۈلۈپ قالسا، ماددىي ئەشيالارنى كىرگۈزەلمەي قالىمىز-دە، ئىگىلىكىمىز ۋەيران بولىدۇ» دېدى. مەملىكىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، بىزدە ياپونىيىنىڭكىدەك ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆزى ئۆتكۈر نۇرغۇن كىشىلەر 21 - ئەسىر جۇڭگوغا مەنسۇپ دېيىشىۋاتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ داۋامى بار. جۇڭگودا ئەمدىن بەك تەرەققىيات ئىستىقبالى بولغان، ئەمدىن بەك ئىزدەش كۈتكىلى بولىدىغان جايلار قايسى؟ يەنىلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى. گەرچە، ھازىر ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى يەنىلا بىر قەدەر ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇن

چىققان ئۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىدۇ» بىز مۇشۇ نۇقتىنى چوقۇم كۆرۈۋېلىشىمىز لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى، جۈملىدىن شىنجاڭنى ئېچىپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بازىغا ئايلاندۇرساق، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغىلى، ھەر مىللەت خەلقىنى بېيىتقىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، زور ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

قىسقىسى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش، مەيلى دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سىياسىي جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، زور ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، مىللىي مەسىلىنى ئوبداق ھەل قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى زور ستراتېگىيىلىك مەسىلە ئىكەنلىكىنى چوقۇم چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

## 2. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ئۇلۇغ ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىگە ئىگە

تارىخىي سەۋەب ۋە رېئال شەرت - شارائىت تۈپەيلىدىن، ۋەتىنىمىز ئۇلۇغ ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىگە ئىگە. بۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىمىزدىكى ئۇلۇغ كۈچ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا ئۇلۇغ ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىز قەيەردە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ؟ مېنىڭچە مۇنداق ئالتە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، شىنجاڭ — قەدىمدىن تارتىپلا ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 2000 يىلدىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلگەن، ئەزەلدىن پارچىلىنىپ باقمىغان. شۇڭا، مەملىكىتىمىز — بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت.

ئىككىنچى، 2000 يىلدىن كۆپ ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈردى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ياراتتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇزاق

مۇددەتلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى جەريانىدا ئۆز ئارا زىچ باغلانغان.

ئۈچىنچى، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى 130 نەچچە يىل مابەينىدە، بولۇپمۇ «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن بۇيان، جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى ماركسىزم ھەقىقىتىنى قوبۇل قىلىپ، 1921 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بىرلىكتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى.

تۆتىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم يولغا قويۇلۇپ، مىللەتلەر ئارىسىدا باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قالاق قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ۋەتىنىمىز ئەزەلدىن ھازىرقىدەك مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىپ باقمىغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزمۇ ئەزەلدىن ھازىرقىدەك مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىپ باقمىغان؛ ۋەتىنىمىز — سۆيۈملۈك ۋەتەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز — سۆيۈملۈك ئاپتونوم رايون.

بەشىنچى، خۇددى يولداش جاۋزىياڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا ئېيتقاندەك: «جۇڭگو ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان دەۋردىمۇ، ۋەتەننى پارچىلايدىغان ھەرقانداق قىلمىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشىغا ۋە لەنىتىگە ئۇچرىغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو گىگانت ئادەمدەك دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئاز سانلىقى بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار ۋە ئۇلارغا يانتاياق بولۇۋاتقان چەت ئەلدىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ۋەتەننى پارچىلاش خام خىيالى ھەرگىز ئىشقا ئاشمايدۇ.» دېمەك، تارىختا جۇڭگو گۈللەنگەن چاغدا ۋەتىنىمىز بىرلىككە كەلگەنىدى؛ تارىختا جۇڭگو ئاجىزلىشىپ قالغان چاغدىمۇ ۋەتىنىمىز بىرلىككە كەلگەنىدى. سىرتتىن كەلگەن دۈشمەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن مەزگىلدىمۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىغا بىرلىكتە قارشى تۇرغان، ئىچكى-تاشقى بۆلگۈنچىلەر جۇڭگونى بۆلۈۋېتەلمىگەنىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت

خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلاشقان، ۋەتىنىمىز كۈندىن - كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيادىكى ھېچقانداق تاجاۋۇزچى ۋە بۆلگۈنچى ۋەتىنىمىزنى بۆلۈۋېتەلمەيدۇ.

ئالتىنچى، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن بېرى، پارتىيىمىز شىنجاڭدا خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، ياخشى ئاساس سالدى. خەلق ھاكىمىيىتى قۇدرەت تاپتى، ھەر مىللەت خەلقى زىچ ئىتتىپاقلاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىتتىپاقلىق بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىدى.

شۇڭا، ۋەتىنىمىز ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئۇلۇغ كۈچ بىلەن قوغدايدۇ ۋە مۇستەھكەملەيدۇ، ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ئېشىپ بېرىپ، شىنجاڭنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدىن بۆلۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇش سۈيىقەستى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

## 3. شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ قەيەردىن كېلىدۇ؟

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىرلىككە كەلگەن ئايرىلماس بىر قىسمى. تارىختا دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن ۋە ئىتتىپاقلاشقان. لېكىن، تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئىچكى-تاشقى بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن، ئۇزاقتىن بېرى، بىرلىككە كېلىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۈرەش ناھايىتى ئېغىر بولدى. چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرى تارىختا روسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا بەزى دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىۋېلىشتا، كۈچ دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنغىنىدەك، شىنجاڭنى ھەمىشە ۋەتىنىمىزدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلدى. ھازىر، بۇ تارىخ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرى شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزدىن ئايرىپ تاشلاش ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچكىنى ۋە ئۇنى توختاتقىنى يوق.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكى ئۇلۇغ بىر تارىخىي بۇرۇلۇش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى مىسلىسىز مۇستەھكەملەندى. لېكىن، ئىتتىپاقلىشىش، بىرلىككە كېلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش توختىمىدى، بەلكى بەزىدە ناھايىتى كەسكىن بولدى. شىنجاڭ يېڭىدىلا ئازاد بولغاندا، بەزىلەر شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، بىرىنچىدىن، تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش مۇستەقىل دۆلەت قۇرماقچى؛ ئىككىنچىدىن، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرماقچى؛ ئۈچىنچىدىن، ئاپتونومىيە جۇمھۇرىيىتى

قۇرماقچى؛ تۆتىنچىدىن، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلگە ئاشمىسا، ئۇيغۇرىستان قۇرماقچى بولدى. بۇ تەشەببۇسلار ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان تەشەببۇسلارمۇ ياكى مۇستەقىل بولۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغان تەشەببۇسلارمۇ؟ ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ، ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەقسەت قىلىنغان تەشەببۇس بولماستىن، بەلكى مۇستەقىل بولۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش مەقسەت قىلىنغان تەشەببۇس. ئۇزاق ۋاقىتلىق كۆرەشلەر ئارقىلىق، پارتىيىمىز ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت بۇ بىرلىككە كەلگەن گەۋدە ئىچىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يولغا قويدى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى ئاساسىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى يولغا قويۇش، ھەر مىللەتنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشى، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، ۋەتىنىمىز بىرلىكى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، لېكىن بىرلىككە كېلىش، ئىتتىپاقلىشىش بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئەزەلدىن توختاپ قالغىنى يوق، بەزىدە ناھايىتى كەسكىن بولدى.

ھازىر، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنىڭ خەۋپى تۈگىدىمۇ؟ ياق، تۈگىمەيلا قالماستىن، بەلكى بەزى چاغدا ناھايىتى ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئىچكى - تاشقى بۆلگۈنچىلىكتىن كېلىدۇ، ئاساسلىقى تاشقى دۈشمەننىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلىشتەك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدىن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈۋالغىنى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىپ، شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش بايرىقى بولۇپ، ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنى مۇستەقىل قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ قويىنىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تارىخنى بۇرمىلاپ، شىنجاڭ شەرقىي تۈركىستان دېگەننى تەرغىب قىلدى. ئىلگىرى، بەزىلەر شەرقىي تۈركىستان ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىپ، ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانىدى، ھازىرمۇ بەزى كىشىلەر شەرقىي تۈركىستان ۋىۋىسكىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىپ، ۋەتىنىمىز بىرلىكىگە زىيان يەتكۈزمەكتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. ھازىر چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى،

بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەر خىل تەشكىلاتلارمۇ ناھايىتى كۆپ، بىزنىڭ بىلگىنىمىز يەتتە: (1) شەرقىي تۈركىستان ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومىتېتى؛ (2) شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىي سېپى؛ (3) شەرقىي تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمئىيىتى؛ (4) دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى؛ (5) شەرقىي تۈركىستان، موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە ۋە تىبەت خەلق ئىتتىپاقى كومىتېتى؛ (6) قازاق، تۈركلەر خەيرىي - ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى؛ (7) شەرقىي تۈركىستان خەيرىي - ساخاۋەت فوندى جەمئىيىتى. يۇقىرىقى بارلىق تەشكىلاتلار شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى تەرغىب قىلىدۇ، بەزىلىرى چەت ئەللەردە دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ ۋەتەننى پارچىلاپ، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى شىنجاڭغا ئىشپىيون ئەۋەتىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى شىنجاڭدىن شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىگە مەخپىي ئەزا قوبۇل قىلىۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى شىنجاڭدىن مەككىگە ھەجگە بارغانلارنى سېتىۋالىدى ۋەھاكازالار. بۇ تەشكىلاتلار ئۇنداق - مۇنداق بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىپ، شىنجاڭنى ۋەتىنىمىزنىڭ قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە، تەسىر دائىرىسىگە ۋە بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ. چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ بىر يۈرۈش بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىنكاسى بار، سانى كۆپ بولمىسىمۇ لېكىن ماسلىشىۋاتقانلار ھەقىقەتەن بار. بەزىلەر شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى قالايمىقان سۆزلەپ، شىنجاڭ — شەرقىي تۈركىستان، شىنجاڭ — مۇستەقىل دۆلەت دەۋاتىدۇ، ئايرىم جاي، ئايرىم مەكتەپلەرنىڭ قاراڭغۇ بولۇڭ - پۇشقاقلىرىغا ئەكسىيەتچىل شوئارلار چاپلىنىۋاتىدۇ. ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى، شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىقلار تەرغىب قىلىنىۋاتىدۇ. بىز شەرقىي تۈركىستان پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى قولغا چۈشۈرگەن، چەت ئەلدىن ئەۋەتىلگەن ئىشپىيونلارنى قولغا چۈشۈرگەن. يۇقىرىقىلار يەككە - يېگانە ئەمەس، بەلكى چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان ئىش، بەزىلىرى بۇ دۆلەت بىلەن، بەزىلىرى ئۇ دۆلەت بىلەن، بەزىلىرى بىر قانچە دۆلەتنىڭ مەملىكىتىمىزدە بۆلگۈنچىلىك قىلىۋاتقان دۈشمەن كۈچلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇلار بىزنىڭ ھوشيارلىقىمىزنى قوزغىشى كېرەك. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، بىرلىككە كېلىش، ئىتتىپاقلىشىش بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشتۇر، بەزى

چاغلاردا بۇ كۈرەش ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بىز تونۇشىمىز كېرەككى، شىنجاڭغا خەۋپ ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدىن كېلىدۇ، ئاساسلىقى چەت ئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىدىن كېلىدۇ. بىز كۆزىمىزنى روشەن قىلىپ، دۈشمەننىڭ نەدىلىكىنى، ئاساسىي خەۋپنىڭ نەدىلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىز، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەركە، ئاساسلىقى چەتئەل دۈشمەن كۈچلىرىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتىشىمىز لازىم. بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز، ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىقىمىز لازىم. ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويۇش خەتەرلىك بولۇپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### 4. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى يەنىمۇ قوغداپ ۋە مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم

ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ناھايىتى كۆپ خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە ئەڭ ئاساسلىق خىزمەتلەر تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك:

(1) 13 - قۇرۇلتاينىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا دائىر لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يولداش جاۋزىياڭنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتتە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقى ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتتە چىڭ تۇرۇش. بىز مۇشۇنداق سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتتە چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالايمىز،

مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگىمۇ كاپالەتلىك قىلالايمىز. ھەر مىللەت خەلقى-
نىڭ پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىغا؛ ۋەتەننىڭ بىر-
لىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغانلارنىڭ ناھايىتى ئازسان-
لىق، ناھايىتى ئاز سانلىق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشىمىز لازىم. پارتىيىنى، ۋەتەن-
نى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان كەڭ ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلى-
شىشىمىز، ئۇلارنى ئاسرىشىمىز، قوللىشىمىز؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان،
مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان ناھايىتى ئاز ساندىكى، ناھايىتى ئاز ساندىكى
كىشىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز، ئۇلارغا زەربە بېرىشىمىز لازىم. ئۆز ئارا ئى-
شىنىش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا
چۈشىنىشتە ئەڭ ئاساسلىقى، ئۆز ئارا ئىشىنىشتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىم.

(2) ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىن-
سىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ،
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلان-
دۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات
سەۋىيىسىنى خەنزۇ رايونلىرىنىڭكىگە يەتكۈزۈشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشىمىز،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىمۇ خەنزۇ رايونلىرىنىڭكى-
گە يەتكۈزۈشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشىمىز لازىم. پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى-
دىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ
ئاخىرىغا بارغاندا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي
مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاش نىشانىغا ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئا-
ساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ
چىقىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت،
يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى يېرىم قاتلاشنى، يە-
نى 1980 - يىلدىكى يەتتە مىليارد يۈەننى ئاساسىي سان قىلىپ، بىر قاتلاپ، 14 مىل-
يارد يۈەنگە يەتكۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىل-
لىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بىر قاتلان-
دى. ئىككى قاتلانسا، 28 مىليارد يۈەن بولىدۇ، يەنە يېرىم قاتلانسا، 2000 - يىل-
ا بارغاندا، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 42
مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ. خەنزۇ رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە
يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن زور
تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تە-
رەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، مەركىزىي كومىتېت دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ

ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسى توغرىسىدىكى باش فاڭجېنىغا ئاساسەن، شىنجاڭ دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىگە ماسلىشىپ، دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلارنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىگە قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئىشىكنى غەربكە ئېچىۋېتىشى، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى لازىم. يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچەيتىشى كېرەك، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچەيتىش ئاساسىدا، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى لازىم.

(3) ئىدىيىۋى سەپتىكى خىزمەتنى كۈچەيتىش لازىم. ئىدىيىۋى سەپتە، بىرلىككە كېلىش، ئىتتىپاقلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى كۈچەيتىش كېرەك. تەشۋىقات، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي پەن، تەھرىر-تەرجىمە، ئاخبارات، كىنو، تېلېۋىزىيە، نەشرىيات قاتارلىق تارماقلار ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، مىللەت قارىشى، مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىشى كېرەك. بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دېيىشكەن توغرا كۆز قاراشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك. نەشردىن چىقىپ بولغان ۋە نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى»، «يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر قىسسىلەر»، «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، «شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن ئەربابلار توپلىمى»، «ئۇيغۇرلار تارىخى» ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخى شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھازىرقى كەپ مۇشۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش ۋە تەشۋىق قىلىش خىزمىتىدە قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭ — مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى دەيدىغان خاتا كۆز قاراشنى تەنقىد قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جىنايى سۆيىقەستلەرنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىش كېرەك. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ ئەركىن يامراپ كېتىشىگە، خەلقنى زەھەرلىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق لازىم. ھازىر بەزىلەر شىنجاڭ — شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى تارىخى دېگەننى ئوتتۇرىغا قويسا، بۇنىڭغا قارشى چىقىدىغان، رەددىيە بېرىدىغان ئادەم چىقمايۋاتىدۇ، بۇ تولىمۇ ياخشى بولمىغان ئەھۋال.

ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقى ئىدىيىسى ئەركىن ياميراپ كەتسە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يېتىدۇ.

(4) جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى (جۈملىدىن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى) ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى (جۈملىدىن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى) ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنلىرى ۋەتەننىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش، ئىنىچ - ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەر بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەمىشە شىنجاڭنى ۋەتەننىڭ قوينىدىن ئايرىپ چىقىپ كېتىش كويىدا بولماقتا. بىراق ئۇلار مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ ئەڭ مۇھىم ئامىل شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى (جۈملىدىن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى) ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك كۈچ بار. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى (جۈملىدىن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى) ۋە ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنى ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى(جۈملىدىن قوراللىق ساقچى قىسىملىرى) ۋە ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىشى، بۇ ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

(5) پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ماۋجۇشى ئىلگىرى، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەر مىللەتتىن كېلىپ چىققان زور بىر تۈركۈم كوممۇنىزمچى كادىرلار بولمىسا بولمايدۇ، دېگەنىدى. ھازىر بىزدە كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بىر تۈركۈم ھەر مىللەت كادىرلىرى بار، بۇ، كىشىنى ناھايىتى خۇشال قىلىدۇ، لېكىن، بۇ تېخى كۇپايە قىلمايدۇ، ھەر مىللەتتىن بولغان تېخىمۇ كۆپ كوممۇنىزمچى كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش لازىم. بۇ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىنىچ - ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى، شۇنداقلا مىللىي مەسىلىنى ھەل

قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىدا سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىز بۇنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز لازىم. بىز سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بارغاندا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولغانلىكى ئىسلاھاتنى قەتئىي ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۇنداق بولمىغانلىرىنى ئېلىپ بارماسلىقىمىز لازىم. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ناھايىتى مۇھىم بولغىنى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى كادىرلارنى «تۆت تەرەپلەشتۈرۈش» شەرتى بويىچە سەپلەش، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىيلاشقان بولۇشىغا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلالايدىغان، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىپادىسى ياخشى بولغان، مەسىلە سادىر قىلمىغان، پارتىيىگە سادىق بولغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىيالايدىغان، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش قىلالايدىغان بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پارتىيە رەھبەرلىكىنى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، يەنە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى مىللىي مەسىلىدە ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا ئىگە بولۇشى لازىم.

بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇشنى تىلغا ئېلىش كېرەكمۇ - يوق، چوڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا، ئاساسلىقى، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇشنى تىلغا ئېلىش كېرەكمۇ - يوق؟ تىلغا ئېلىش كېرەك، تىلغا ئېلىش شەرت. بىرىنچىدىن، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇشتا، چوڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئاساسلىقى، چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك مىللەتچىلىككىمۇ قارشى تۇرۇش لازىم. بۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن، ئاساسىي قانۇن — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان. ھەر قانداق ئادەم ئۇنىڭغا رىئايە قىلىشى لازىم، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئىنكار قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، ئىنكار قىلىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈزىتىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش تەكىتلىنىۋاتىدۇ، شۇنداق ئىكەن، ئاساسىي

قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى، چوڭ مىللەتچىلىك، چوڭ خەنزۇچىلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىك ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغانلىكەن، ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرمىساق، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يېتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بەزىلەر يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرغانلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرغانلىق دەيدۇ، بۇ، توغرىسىز گەپ، بۇنداق دېيىش توغرا ئەمەس، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش دېگەنلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس. بۇلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ئۇلار پارتىيىنى، ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئۇلار ئەمگەكچان، باتۇر ۋە ئاق كۆڭۈل خەلق. پارتىيىمىز جان - دىلى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۇرسا، قانداقسىگە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارشى تۇرسۇن؟ بىزنىڭ قارشى تۇرىدىغىنىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يەرلىك مىللەتچىلىك خاتا ئىدىيىسى بار كىشىلەر. يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بار كىشىلەرگە قارشى تۇرمىساق، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يېتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ زىيان يېتىدۇ. چوڭ مىللەتچىلىك ۋە چوڭ خەنزۇچىلىق خاتا ئىدىيىسى بار كىشىلەرگىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك، ئۇلارغا قارشى تۇرمىساق، ئوخشاشلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يېتىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ زىيان يېتىدۇ. دەرۋەقە، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى تۇرۇشتا، نىشانسىز ئوق ئاتماي، كەلسە - كەلمەس قالپاق كىيگۈزمەي، كېڭەيتىۋېتىش بىلەن شۇغۇللانماي، چېكىدىن ئاشقان كۆرەش ئېلىپ بارماي، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش لازىم. بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى خاتالىقى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم.

(بېشى 71 - بەتتە)

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيانقى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، رىقابەتنى قانات يايدۇرۇش پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ، يالغۇز كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئېچىپ، ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىدۇ.

غىياسىدىن ئىسرائىل تەرجىمىسى